# چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت

## —— يولداش شى جىنپىڭ ۋە ئاخبارات ئاممىۋى پىكىر خىزمىتى

(بېشى 2 - بەتتە)

«‹سول›چىل ئىدىيەنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك چەكلىمىسىدە، نۇرغۇن كىشىدە زىيالىيلارغا قارىتا ھەر خىل بىر تەرەپلىمە قاراش بار ئىدى. يولداش شى جىنپىڭنىڭ «جېڭدىڭ توققۇز ماددىسى»نى تۈزۈشتە ئەڭ قىيىن ھەم ئەڭ ئاچقۇچلۇق بولغىنى جاسارەت، ئەقىل - پاراسەت، مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئىنتايىن زور باتۇرلۇق بىلەن شۇ چاغدا يولغا قويۇلۇۋاتقان سىياسەتنىڭ چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاش ئىدى» دېدى لى نەيىي ئەسلەپ.

1989 - يىلى ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىقىدا، جەمئىيەتتە يوشۇرۇن دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ، ئىدىيەۋى ئاممىۋى پىكىر قالايمىقانلىشىپ كەتتى. شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كەچتە، نىڭدې ۋىلايەتلىك ئاخبارات خىزمىتى يىغىنى دەل مۇشۇ ئارقا كۆرۈنۈشتە ئېچىلدى.

ۋاڭ شاۋجۇ ئەينى چاغدا فۇدىڭ ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئاخبارات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقلىقىنى ئۆتەۋاتقانىدى، ئۇ ئەسلەپ مۇنداق دېدى: ئەينى چاغدا «شەرقىي فۇجيەن گېزىتى» تېخى قايتا نەشر قىلىنمىغان، ۋىلايەتتىمۇ رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى يوق ئىدى، يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى نىڭدې ۋىلايىتىگە قاراشلىق ھەرقايسى ناھىيەلەرنىڭ ناھىيەلىك پارتكوم مۇئاۋىن شۇجىلىرى ياكى تەشۋىقات بۆلۈملىرىنىڭ بۆلۈم باشلىقلىرى، ئاخبارات بۆلۈملىرىنىڭ بۆلۈم باشلىقلىرى، خەۋەر قىلىش گۇرۇپپىلىرىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقلىرى قاتارلىقلار ئىدى.

يولداش شى جىنپىڭ باشلىنىشىدا ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېدى: «ھازىر يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيەنىڭ ئاخبارات خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك. يەنە تونۇشنى ئۆستۈرۈش، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشنى ھازىرقى ۋەزىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش كېرەك.» «ئاخبارات خىزمىتىدە بىر تەرەپتىن كونىلىقتا ئېسىلىۋېلىپ، ئىسلاھات قىلىشنى خالىماي، تۈرلۈك سادالارنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ پەرۋا قىلماسلىققا بولمايدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن باشقىلار نېمە دېسە شۇنى دېيىشكە، پەرق ئەتمىگەن ھالدا تۈرلۈك ئىدىيە دولقۇنلىرىغا ئەگىشىپ مېڭىشقا، بىر چەك - چېگراسى بولماسلىققا بولمايدۇ. بولمىسا قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ».

پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەيدانى چوڭ ۋەزىيەتتە تۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ ئاخبارات خىزمەتچىلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيەگە قانداق قاراش مەسىلىسى، چىرىكلىشىش مەسىلىسىنى قانداق توغرا تونۇش ۋە ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ھەمدە پارتىيەۋىلىك ۋە خەلقچىللىقنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى، ئاخبارات بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى، ئاممىۋى پىكىر يېتەكچىلىكى ۋە ئاممىۋى پىكىر نازارەتچىلىكىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى، ئاخبارات قوشۇن قۇرۇلۇشى مەسىلىسىنى قانداق ئىگىلەشنى شەرھلىدى... جانلىق، تەسىرلىك سۆز بولدى، يوللۇق، ئاساسى بار سۆز بولدى، جاسارەتلىك، نەزەر دائىرىلىك سۆز بولدى، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەۋى تونۇشىدىكى قالايمىقانچىلىقنى ئايدىڭلاشتۇردى.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى فۇجيەن شۆبىسىنىڭ شۆبە باشلىقى شۇ يىمىڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، دەرھال مەخسۇس نىڭدېغا بېرىپ زىيارەت قىلدى. ناھايىتى تېزلا، بۇ سۆز 1989 - يىلىدىكى «جۇڭگو مۇخبىرلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 7 - سانىدا ئېلان قىلىنىپ، بايرىقى روشەن ھالدا بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ سىياسىي قارىشى، مەيدانىنى ئىپادىلىدى.

ئاخبارات ئاممىۋى پىكىر خىزمىتى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، دۆلەتنى مۇقىم قىلىش، ئەلنى ئەمىن تاپقۇزۇشتىكى چوڭ ئىش. چوڭ ئىش ئالدىدا سەگەك بولۇش، ھاماقەتلىك قىلماسلىق كېرەك، بۇ، پارتىيەنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىدا بولۇشى زۆرۈر بولغان بىر مۇھىم ساپا. يولداش شى جىنپىڭ ئوخشاش بولمىغان خىزمەت ئورنىدا، ئاخبارات ئاممىۋى پىكىر خىزمىتىنى پىششىق، ياخشى ئىشلەيدىغان سەۋىيە، ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، قانچىكى ئاچقۇچلۇق، مۇھىم ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا شۇنچە ئەھمىيەت بەردى. نىڭدېدا، يولداش شى جىنپىڭ ئىستىلنى توغرىلاپ ئىنتىزامنى چىڭىتىش سالمىقىنى زورايتىپ، تاراتقۇلاردىن پايدىلىنىپ ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىپ، قىيىن ئىش، سەزگۈر ئىشلارنى كادىرلار، ئاممىا ئاكتىپ قاتنىشىدىغان ئىشقا ئايلاندۇردى.

نىڭدې شەھەرلىك مۇزېيدا، بىز 1989 - يىلى 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى نىڭدې ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ھۆججىتى —— «ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ پاك - ئىنتىزامچان بولۇش توغرىسىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمىسى»نى كۆردۇق، بەلگىلىمە جەمئىي 12 ماددا بولۇپ، مەزمۇنى شەخسىي ئۆي سالماسلىق، پارا ئالماسلىق، پارا تەلەپ قىلماسلىق، ئۇرۇق - تۇغقان ۋە دوستلىرىنى ئورۇنلاشتۇرماسلىق، كادىرلار ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالماسلىق، سوۋغاتلىق پۇل ئالماسلىق، چوڭ يەپ چوڭ ئىچمەسلىك، ھۆكۈمەت ئاپتوموبىلىنى شەخسىي ئىشقا ئىشلەتمەسلىك، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ تىجارەت قىلماسلىق قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ.

1990 - يىلى 5 - ئايدا، ئەينى چاغدىكى «خەلق گېزىتى»نىڭ فۇجيەندە تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى جاڭ مىڭچىڭ نىڭدېغا كېلىپ يولداش شى جىنپىڭنى زىيارەت قىلغانىدى. جاڭ مىڭچىڭ مۇنۇلارنى ئىگىلىگەنىدى: 1989 - يىلى 1 - ئايدا، يولداش شى جىنپىڭ ۋىلايەتلىك پارتكوم خىزمىتى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، كادىرلارنىڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ يەر ئىگىلەپ ئۆي سېلىشىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى چىرىكلىكنى جازالاش خىزمىتىنىڭ بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ بېكىتىپ، شۇ يەردىكى تاراتقۇلاردا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ «سەن ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ يەر ئىگىلەپ ئۆي سېلىپ، ئۆز كۆمىچىڭ ئۈچۈن پارتىيەنىڭ نوپۇزى ۋە ئوبرازىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدىڭ، سەن پارتىيەنى رەنجىتتىڭ، خەلقنى رەنجىتتىڭ، پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنى بىلەن قارشىلاشتىڭ، ئەكسىچە پارتىيە ۋە خەلققە ۋەكىللىك قىلىپ سېنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان كادىر سېنى رەنجىتمىدى» دېگەن پوزىتسىيەسىنى ئېنىق بىلدۈرگەن. بۇ، كەڭ كادىرلار، ئاممىغا پۈتۈن ۋىلايەتتىكى يەر ئىگىلەپ ئۆي سېلىشقا قارىتا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بىرمۇبىر تىزىملايدىغانلىقىنى ھەم مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى ئېلان قىلىدىغانلىقىنى، ئاممىنىڭ نازارەت قىلىشىنى، پاش قىلىشىنى ئۇقتۇردى.

كادىرلارنىڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ يەر ئىگىلەپ ئۆي سېلىش ناچار ئىستىلى ناھايىتى تېزلا چەكلىنىپ، بىر تۈركۈم كادىرلار بىر تەرەپ قىلىندى، سىياسىي ئېكولوگىيەدە چوڭ ياخشىلىنىش بولۇپ، كەڭ كادىر، ئاممىا بىردەك ماختىدى. 1990 - يىلى 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، «خەلق گېزىتى»دە جاڭ مىڭچىڭ زىيارەت قىلىپ يازغان «بىر ئىشنى ياخشى بېجىرىپ، تۈمەنلىگەن ئادەمنىڭ قەلبىنى مايىل قىلىش» دېگەن تەپسىلىي خەۋەر ئېلان قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، «بوشاشماي، ھەممىدىن غالىب كېلىش» دېگەن ئوبزور يازدۇرۇپ ئېلان قىلىنىپ، نىڭدې ۋىلايىتىنىڭ كادىرلارنىڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ يەر ئىگىلەپ شەخسىي ئۆي سېلىشىنى تازىلاشتا ئىپادىلىگەن «بىر قېتىمدىلا ئۈزۈل - كېسىل تاماملاش» «مەقسەتكە يەتمىگۈچە بولدى قىلماسلىق»تەك روھى ماختالدى.

خەۋەر پۈتۈن مەملىكەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. يولداش شى جىنپىڭنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىكى قەتئىي مەيدانى ۋە روشەن پوزىتسىيەسى نىڭدې ۋىلايىتىدىكى ئاممىنىڭ ئىنكاسى ئەڭ كۈچلۈك بولغان مەسىلىنى ھەل قىلىپلا قالماي، پۈتۈن مەملىكەتتىمۇ ئۈلگە تىكلەپ، تۈرتكە بولۇش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى جارى قىلدۇردى.

### تۆتىنچى، ئاخباراتنى تاۋلاش باي - قۇدرەتلىك بولۇش ئۈچۈندۇر

1966 - يىلى 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، «خەلق گېزىتى»دە شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى مۇ چىڭ، فېڭ جيەن، جوۋ يۈەننىڭ تەپسىلىي خەۋىرى «ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىلىرىنىڭ ئۈلگىسى —— جياۋ يۈلۇ» ئېلان قىلىندى. شۇ يىلى، شى جىنپىڭ 13 ياشتا ئىدى. بۇ ئۆتكەندىكى ئىشلار ئۈستىدە توختالغاندا، يولداش شى جىنپىڭ ئىلگىرى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن مۇنداق دېگەن: «ئەينى ۋاقىتتا مەن تولۇقسىز 1 - يىللىقتا ئوقۇۋاتاتتىم، سىياسەت ئوقۇتقۇچىمىز جاڭ مۇئەللىم بۇ تەپسىلىي خەۋەرنى ئوقۇغاندا، نەچچە قېتىم ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ كەتتى...» ئۇ مۇنداق دېدى: «بۇ سائەتلىك دەرس مېنىڭ ھاياتىمدا چوڭقۇر ئىز قالدۇردى، مېنىڭ مۇستەھكەم غايە - ئېتىقاد تۇرغۇزۇشۇمغىمۇ ئىنتايىن مۇھىم تەسىر كۆرسەتتى».

24 يىلدىن كېيىنكى 1990 - يىلى، 60 ياشقا كىرگەن ئۈچ پىشقەدەم مۇخبىر قايتا يولغا چىقىپ، پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن «خەلق جياۋ يۈلۇنى چاقىرماقتا» دېگەن تەپسىلىي خەۋەرنى يازدى. ئەينى چاغدىكى فۇجوۋ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى شى جىنپىڭ بۇ ئۇزۇن ماقالىنى كېچىچە ئوقۇپ، ناھايىتى تەسىرلەندى، ئۇ ھېسسىياتىنى باسالمىغان ھالدا، شېئىر «نىيەننۇجياۋ. جياۋ يۈلۇنى ئەسلەيمەن»نى يېزىپ، «فۇجوۋ كەچلىك گېزىتى»دە ئېلان قىلدى، «... پۇقرالارنىڭ قايسىبىرى ياخشى ئەمەلدارنى ياخشى كۆرمەيدۇ؟ جياۋ يۈلۇ تىككەن چىنار دەرىخىنىڭ تۈۋىدە كۆز يېشى يامغۇردەك تۆكۈلدى. ھاياتىمۇ قۇم بارخانلىرىدا، ماماتىمۇ قۇم بارخانلىرىدا، پىشقەدەمنىڭ ھايات - ماماتى بۇنىڭغا باغلانغان... ئاي ئاۋۋالقىدەكلا يورۇق يەنە، ئەسلەرمەن جياۋ يۈلۇنى ھەربىر كېچە، تاۋلارمەن روھىمنى ئۇنىڭ پەزىلىتىدە... بەخت ياراتتى ئەمەلدار بولۇپ شۇ جايغا، يېتىپ ھاياتىدىكى شۇ ئارزۇسىغا. گەرچە كىچىك بولسىمۇ ئېقىن، بىپايان دېڭىزغا قۇيۇلار لېكىن.» يولداش شى جىنپىڭنىڭ سۆزلىرى سەممىي، ئىرادىسى يۈكسەك بولۇپ، خەلقنى قەلبىگە پۈكۈش ھېسسىياتى، ئارزۇسى كۈچلۈك قەلەم ئارقىلىق ئىپادىلەنگەنىدى.

ئاخبارات ئاممىۋى پىكىر خىزمىتى دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشى. تاراتقۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىش، ئۇلارنى باشقۇرۇش، ئۇلاردىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇپ، ئۇنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خىزمەت چوڭ ۋەزىيىتىگە، كەڭ خەلق ئاممىسىغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلدۇرۇش پارتىيەنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى. يولداش شى جىنپىڭ ئىلگىرى فۇجيەندىكى نۇرغۇن كادىرغا: «پىشقەدەم شۇجى شياڭ نەن مۇنداق بىر جۈملە سۆزنى قىلغانىدى: ‹گېزىت - رادىيودىن پايدىلىنىشنى بىلمەيدىغان رەھبەر قول سانائىتى شەكلىدىكى رەھبەردۇر›، بۇ ماڭا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى» دېگەنىدى.

باشقۇرۇشقا ماھىر بولۇشتا ئەڭ مۇھىمى ئۆز ھەرىكىتىدە كۆرسىتىش. پارتىيەمىزنىڭ تارىخىدا، نۇرغۇن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار تاراتقۇلارغا ئۆزلىرى قەلەم تەۋرىتىپ ماقالە يېزىپ بەرگەن. يولداش ماۋ زېدۇڭ نۇرغۇن ئاخبارات ئەسەرلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن، پەقەت «ماۋ زېدۇڭ ئاخبارات خىزمىتى ئەسەرلىرىدىن تاللانما»غا كىرگۈزۈلگەن تۈرلۈك ئاخبارات ئەسەرلىرىلا 123 پارچە بولۇپ، «شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ باش مۇخبىرى» دەپ تەرىپلەنگەن.

فۇجيەن ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ سابىق شۇجىسى شياڭ نەن دائىم «فۇجيەن گېزىتى»گە ئوبزور يېزىپ تۇرغان، بەزىلەرنىڭ ئىستاتىستىكا قىلىشىچە، ئۇ فۇجيەندە ئاساسلىق مەسئۇل رەھبەر بولۇپ تۇرغان بەش يىلدا، «فۇجيەن گېزىتى»گە جەمئىي 25 پارچە ئوبزور يېزىپ بەرگەن.

يولداش شى جىنپىڭ پىشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇردى. «شەرقىي فۇجيەن گېزىتى» قايتا نەشر قىلىنغاندا، يولداش شى جىنپىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن تارقىتىش بېغىشلىمىسى يېزىپ بېرىپ، گېزىتنىڭ گېزىت باشقۇرۇش مەقسىتى ۋە تەھرىرلەش فاڭجېنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى ھەم يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، «ئۇنى چوقۇم ياخشى باشقۇرۇش كېرەك» «بۇ، گېزىت باشقۇرغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كۆرگۈچىلەرنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى» دەپ تەلەپ قىلدى.

خېبېي جېڭدىڭدا، يولداش شى جىنپىڭ ئۆزى تەشۋىقات بۆلۈمى، خەۋەر قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر قاتناشقان مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، كۆپچىلىككە بىۋاستە مۇھىم نۇقتىنى سۆزلەپ، تېما چىقىرىپ بەردى.

«شەرقىي فۇجيەن گېزىتى»دە، يولداش شى جىنپىڭ «تامچە سۇ تاشنى تېشەر» دېگەن ئىمزالىق ماقالە ئېلان قىلىپ، «تامچە سۇ تاشنى تېشەر» روھىنى تەشەببۇس قىلىپ، شەرقىي فۇجيەن خەلقىنى «تامچە سۇدىمۇ قۇياش نۇرى ئەكس ئېتىدۇ» «تامچە سۇدىن يىغىلغان تارماق ئېقىنلار دەريالارغا ئايلىنىپ ئالغا قاراپ ئۇرغۇپ ئاقىدۇ» دەپ رىغبەتلەندۈردى.

باشقۇرۇشقا ماھىر بولۇشنىڭ مۇھىملىقى كۆرسىتىپ بېرىش ۋە يېتەكلەشتە. جېجياڭدا، يولداش شى جىنپىڭ ئۆلكىلىك پارتكوم ئاخبارات - تەشۋىقات خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىپ، مەركەزنىڭ جېجياڭدا تۇرۇشلۇق ئاخبارات ئاپپاراتلىرىنى يوقلىدى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى جېجياڭ شۆبىسىدىكى بارلىق مۇخبىر، مۇھەررىرلەر، جېجياڭدا تۇرۇشلۇق باشقا مەركەز تاراتقۇلىرى ۋە ئۆلكە ئىچىدىكى تاراتقۇلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىغا دوكلات بېرىپ، ئۆلكە ئەھۋالىنى سۆزلىدى ھەم ئاخبارات ئاممىۋى پىكىر خىزمىتىگە «پارتىيە ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، يامانغا زەربە بېرىش، ياخشىغا مەدەت بېرىش، ئاڭلىغاندىن كۆرگەنگە ئەھمىيەت بېرىش»تىن ئىبارەت 12 خەتلىك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شاڭخەيدە، يولداش شى جىنپىڭ مەخسۇس مەركەزنىڭ شاڭخەيدە تۇرۇشلۇق ئاخبارات ئورۇنلىرى ۋە شاڭخەيدىكى ھەرقايسى چوڭ تاراتقۇلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ھەم سۆھبەتلىشىپ، كۆپچىلىككە پۈتۈن ۋەزىيەتنى ھەر تەرەپلىمە كۆزلەش، ئاممىغا رىشتە باغلاش، تىرىشچان بولۇپ كەسپىنى ھۆرمەتلەش، قولىقى ئىتتىك، كۆزى ئۆتكۈر بولۇشنى تاپىلىدى. 2007 - يىلىدىكى شۇ قېتىمقى سۆھبەتتە، يولداش شى جىنپىڭ ئاخبارات خىزمىتىدە ئالاقە تورى ۋە تور تاراتقۇلىرىنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشىنىڭ ئاخبارات - تەشۋىقات خىزمىتى، ئاممىۋى پىكىر ئېكولوگىيەسىگە ئېلىپ كەلگەن يېڭى ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلىشنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئاساسىي ئېقىم تاراتقۇلىرىدىن بۇنىڭغا «يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشنى، ھەرگىز سەل قارىماسلىقى»نى تەلەپ قىلدى.

ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇشتا تاراتقۇلارنىڭ ساداسىدىن پايدىلىنىش ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. 2003 - يىلى 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئەينى چاغدا جېجياڭ ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان شى جىنپىڭ ئادەتتىكىگە ئوخشاش ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى. ئۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: رەھبىرىي كادىرلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا ئەمەلىي بولۇشى، مەسىلە ئېنىق بولۇشى كېرەك، بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ. يولداش شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا ئەڭ مۇھىمى مۇنداق بەش سۆزنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك: بىرىنچى، «چوڭقۇر» بولۇش، يېزا، مەكتەپ، كارخانىلارغا چوڭقۇر چۆكۈش، ياخشىلىرىنى كۆرۈش، ناچارلىرىنىمۇ كۆرۈش كېرەك؛ ئىككىنچى، «ئەمەلىي» بولۇش، ئېگىزدە تۇرۇپ تۆۋەنگە قارىماسلىق، ئاممىا بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇش كېرەك؛ ئۈچىنچى، «ئىنچىكە» بولۇش، تەپسىلىي سوراش، تېگى - تەكتىنى سوراپ بىلىش كېرەك؛ تۆتىنچى، «توغرا» بولۇش، توغرا بولۇشقا ئىنتىلىش كېرەك؛ بەشىنچى، «ئۈنۈملۈك» بولۇش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا ئۈنۈم ھاسىل قىلىش كېرەك، ئۈنۈمى بولمىسا، بارمىسىمۇ بولىدۇ.

ئادەتتىكىگە ئوخشاش، بۇ قېتىمقى سۆز ئىنتايىن ئاممىباب، چۈشىنىشلىك بولۇپ، قارىماققا ئىنتايىن مۇرەككەپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىدە، يولداش شى جىنپىڭ بىر - ئىككى ئېغىز سۆز بىلەنلا مۇھىم نۇقتىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، كىشىلەرگە ناھايىتى زور ئىلھام بەردى. مۇخبىر خاتىرىسىنى رەتلەپ چىققاندىن كېيىن، يولداش شى جىنپىڭ كۆرۈپ تۈزەتتى، بۇ «تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىدە چوڭقۇر، ئەمەلىي، ئىنچىكە، توغرا، ئۈنۈملۈك بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ» ناملىق قىسقا ئوبزور «جېجياڭ گېزىتى»نىڭ باش بېتىدە مەخسۇس ئىستون شەكلىدە «جېجياڭ يېڭى سۆزلىرى» سەھىپىسىدە ئېلان قىلىندى.

2003 - يىلى 2 - ئايدىن 2007 - يىلى 3 - ئايغىچە، يولداش شى جىنپىڭ «جېجياڭ گېزىتى»نىڭ «جېجياڭ يېڭى سۆزلىرى» مەخسۇس ئىستونىدا 232 پارچە قىسقا مۇلاھىزە ئېلان قىلدى، كۆپ ساندىكى ماقالىلىرى 300 - 200 خەت، ئەڭ كۆپ بولغانلىرى 500 خەتتىن ئاشمىدى، تىلى ئىخچام - چۈشىنىشلىك، كۆز قارىشى ئۆتكۈر، ئېنىق، شەكلى جانلىق بولدى، داۋلىسى ئىخچام، چۈشىنىشلىك بولدى، يېزىقچىلىق ئىستىلى ئاددىي - ساددا بولۇپ، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، جەمئىيەت، ئېكولوگىيە ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەرگە چېتىلدى. ياكى ماختاش، تەقدىرلەش ئارقىلىق دۇرۇس كەيپىيات ئەۋج ئالدۇرۇلدى؛ ياكى تەنقىدلەپ قامچىلاش ئارقىلىق ناتوغرا ئىستىللار ئەيىبلەندى؛ ياكى داۋلى تەھلىل قىلىنىپ، قانۇنىيىتى ئېچىپ بېرىلىپ، تەدرىجىي ھالدا يولداش شى جىنپىڭنىڭ پۈتۈن ئۆلكە خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشىدىكى مۇھىم يولغا ئايلىنىپ، جېجياڭدىكى كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

«يېڭىلىق ياراتقۇچىلار ئىلگىرىلەيدۇ، يېڭىلىق ياراتقۇچىلار قۇدرەت تاپىدۇ، يېڭىلىق ياراتقۇچىلار غالىب كېلىدۇ».

2006 - يىلى 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، يولداش شى جىنپىڭ خەلق گېزىتخانىسى ۋە شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ جېجياڭدا تۇرۇشلۇق مۇھەررىر، مۇخبىرلىرىنى يوقلىغاندا مۇنداق كۆرسەتتى: ئاخبارات تەشۋىقاتىدا يېڭىلىق يارىتىشقا ماھىر بولۇش - بولماسلىق، دائىم قىلىش دائىم يېڭىلىق يارىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش - ئاشۇرالماسلىق ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشى، قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى ساقلىشىدىكى ئاچقۇچ. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: «ئاخبارات تەشۋىقاتىدا يېڭىلىق يارىتىشتا، ئادەتتىكى شۇئار توۋلاش بىلەنلا توختاپ قېلىشقا بولمايدۇ، كونكرېت ئارگىنالنى يېزىش، تۈزىتىش ۋە كونكرېت ۋەقەلەرنى تەشۋىق قىلىش، خەۋەر قىلىشتا نامايان قىلىش كېرەك، قانداق قىلىپ خىزمەت تەپەككۇرىنى كېڭەيتىش، گېزىت باشقۇرۇش ئىدىيەسىنى يېڭىلاش، گېزىت باشقۇرۇش ۋاستىسىنى بېيىتىش، گېزىت باشقۇرۇش ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش، تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئاخبارات تەشۋىقاتىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى، چاقىرىق كۈچى، جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇشتا نامايان قىلىش كېرەك. بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، كونكرېت ئەمەلىي ئىجادچانلىقتا نامايان قىلىش كېرەك».

لەي خەن ئۇزاق مۇددەت ئېقىم مەسىلىلىرىنى خەۋەر قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنىڭ كونا يول، كونا رامكىدىن سەكرەپ چىقالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، يولداش شى جىنپىڭ دائىم ئۇنى «ئەندىشە قىلماي، دادىل بولۇپ، كۆپرەك يېڭىلىق يارىتىش»قا رىغبەتلەندۈردى. لەي خەن بۇ سۆزنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ھۆججەتلىك فىلىمنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆرنەك قىلىپ، ئېقىم مەسىلىلىرى خەۋەرلىرىدىكى مىكروفون ئالدىدا بىر سوئالغا بىر جاۋاب بېرىشتەك ئادەتنى ئۆزگەرتىپ، كامېراغا نەق مەيداننى بىرلا ۋاقىتتا خاتىرىلەشنى كىرگۈزۈپ، خەۋەرنى تېخىمۇ چىنلىققا، جانلىقلىققا ئىگە قىلدى.

### بەشىنچى، خەلق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ

ھەممىدە شۇ جايدىكى پۇقرالارنى كۆزلەش، ھەممىدە خەلق ئاممىسىنى كۆزلەش، بۇ، يولداش شى جىنپىڭنىڭ ئاخبارات ئاممىۋى پىكىر خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش، ئەھمىيەت بېرىش، ئۇنىڭدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىشىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە تۈپ سەۋەبى.

جاۋ دېرۇن ماقالە يېزىۋاتقاندا، يولداش شى جىنپىڭ سەممىيلىك بىلەن مۇنداق دېدى: «مېنى يازماڭ، جېڭدىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنى يېزىڭ».

نىڭدېدا، ئۇ مۇخبىرلار ۋە تاراتقۇلاردىن ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتى ۋە ئىلغار تىپلارنى كۆپرەك يېزىش، كۆپرەك ئېلان قىلىش، كۆپرەك كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى.

جېجياڭدا، ئۇ ئۆلكىلىك پارتكوم رەھبەرلىرى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئازايتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۆلكىلىك پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «جېجياڭ گېزىتى»نىڭ باش بېتىدە رەھبەرلەرنىڭ پائالىيىتى توغرىسىدا ئىككى پارچىلا خەۋەر بېرىش، ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋە ئۆلكە باشلىقىنىڭ خەۋىرىنى 1000 خەت ئىچىدە كونترول قىلىش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقاردى. جوۋ يۈچىڭ ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «شى شۇجى ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتتى. ئۇ دائىم بىزدىن ئىنتايىن قىممەتلىك باش بەتنى خەلق ئاممىسى ۋە ئاساسىي قاتلام تىپلىرىغا تېخىمۇ كۆپ قالدۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى».

چوڭقۇر، كۈچلۈك خەلقنى كۆزلەش ھېسسىياتى يولداش شى جىنپىڭنىڭ قەلبىدە ئۇرغۇدى، ئەسلى مەقسەتتىن باشلىنىپ، ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان تولۇقلىنىپ، يېڭىلىنىپ كەلدى. «خەلققە يېقىنلىشىش، يىراقلاشماسلىق كېرەك؛ خەلق دۆلەتنىڭ ئاساسى، ئاساس مۇقىم بولغاندىلا دۆلەت تىنچ بولىدۇ.» يولداش شى جىنپىڭنىڭ ئاخبارات ئاممىۋى پىكىر خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، كۆيۈنۈشى ئۇنىڭ خەلقنى كۆزلەش ھېسسىياتىنىڭ بىر خىل ئىنكاسى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا يەنە خەلقنى كۆزلەش ھېسسىياتىنىڭ كۈچلۈك تىرىكى بار.

«خېبېي گېزىتى»نىڭ سابىق باش مۇھەررىرى لىن فاڭ يولداش شى جىنپىڭنىڭ قەدىناس دوستى. 1987 - يىلى، لىن فاڭ مۇخبىرلارنى باشلاپ فۇجيەندە يىغىن ئاچتى ھەم زىيارەتتە بولدى. يىغىن ۋە زىيارەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، لىن فاڭ مەخسۇس شيامېنغا بېرىپ بۇ قەدىناس دوستىنى يوقلىدى.

سۆھبەتتە، لىن فاڭ يولداش شى جىنپىڭغا ئۆزىنىڭ فۇجيەنگە يىغىنغا بېرىپ زىيارەت قىلىپ، شۇ جايدىكى ئاممىا بىلەن تاماقتا، يېتىپ - قوپۇشتا، ئەمگەكتە بىللە بولۇپ، مول، بىباھا، قىممەتلىك بار ئاخبارات ماتېرىياللىرىغا ئېرىشىپلا قالماي، قەلبىنىڭ پاكلىنىپ، ناھايىتى مول ھوسۇلغا ئېرىشكەنلىكىنى ئېيتتى.

94 ياشقا كىرگەن لىن فاڭ بوۋاي ئەسلەپ مۇنداق دېدى: يولداش شى جىنپىڭ بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سىلەر ياخشى قىلىپسىلەر دەپ ماختىدى. يولداش شى جىنپىڭ يەنە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: خەلق تۇرمۇشى بارلىق ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس بۇلىقى، «سىلەر تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكسەڭلار قۇمدىن ئالتۇن چايقاپ، تاشتىن قاشتېشىنى بايقىيالايسىلەر، ھەقىقىي بىلىمگە ئىگە بولالايسىلەر، ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقالايسىلەر. ئەگەر سىلەر ئاساسىي قاتلامدىن، تۇرمۇشتىن ئايرىلساڭلار، ئاخبارات ئەسىرىڭلار جانسىز بولۇپ قالىدۇ».

(ئاخىرى 4 - بەتتە)